ئاپتونوم رايونلۇق كىيىم ـ كېچەك (كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى) ساھەسى جەمئىيىتى، شىنجاڭ سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ساھەسى جەمئىيىتى بايانات ئېلان قىلدى

# شىنجاڭ پاختىسىغا قارا چاپلاشتەك رەزىل قىلمىشقا قەتئىي قارشى تۇرىمىز ۋە ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كىيىم ـ كېچەك (كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى)ساھەسى جەمئىيىتى:

## يالغان ـ ياۋىداق سۆز ۋە ساختا ئۇچۇرلارنى ئاساس قىلىپ، تەمىنات زەنجىرىدە شىنجاڭ پاختىسى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى چىقىرىۋېتىشكە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

يېقىنقى مەزگىلدە، بىر قىسىم خەلقئارا ماركا ۋە خەلقئارا ئاپپاراتلارنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆز ۋە ساختا ئۇچۇرلارنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىنىڭ سودا پائالىيىتىدە شىنجاڭ پاختىسىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى چىقىرىۋېتىش قىلمىشى جۇڭگو جەمئىيىتى، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپى ساھەسى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ئىنتايىن قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. شۇ تاپتا، بىز شىنجاڭدىكى كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرى ھەم بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ۋاكالىتەن كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمىزنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز!

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كىيىم ـ كېچەك (كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى) ساھەسى جەمئىيىتى شىنجاڭدىكى كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان ئىجتىمائىي تەشكىلات بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا كۈچ چىقىرىپ كەلدى. بىز ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىپ، كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، كارخانىلاردىن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مۇۋاپىق ياشتىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىنى كۆپەيتىپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئۆز ئالدىغا ئىشقا ئورۇنلىشىشى، تەرتىپلىك ھالدا شەھەرگە كىرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلدۇق. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كارخانىلارنىڭ خادىم قوبۇل قىلىشتىكى ئىش ئورنى ئۇچۇرى، خىزمەت مۇھىتى، ئىش ھەققى، پاراۋانلىق تەمىناتى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننى ئۆز ئالدىغا تاللاپ، پۈتۈنلەي ئۆز ئالدىغا «قوش يۆنىلىشلىك تاللاش»نى ئىشقا ئاشۇرسا بولىدۇ.

شىنجاڭدىكى كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن باراۋەر، ئىختىيارىي بولۇش ئالدىنقى شەرتىدە ئەمگەك توختامى ئىمزالىدى؛ «گوۋۇيۈەننىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ۋاقتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» قاتارلىق ئالاقىدار بەلگىلىمىلەردە بېكىتىلگەن ئىش ۋاقتى تۈزۈمى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى قانات يايدۇردى. مائاش تەقسىماتىدا بىردەك «كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ھەق ئېلىش، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش»تىن ئىبارەت ئادىل تەقسىمات پرىنسىپى يولغا قويۇلدى، كارخانىلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، مۇناسىپ ئىش ھەققى تەمىناتى بەردى ھەم «بەش خىل سۇغۇرتا»نى ۋاقتىدا تولۇق تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ماھارەت تەربىيىسى ئارقىلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تەرەققىيات بوشلۇقى كېڭەيتىلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىم سەۋىيىسى تەدرىجىي ئۆستۈرۈلۈپ، «بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا، پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش» ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. مەسىلەن، قەشقەر ۋىلايىتىدە مۇۋاپىق ياشتىكى ئەمگەك كۈچلىرى ئائىلىسىدە تۇرۇپ دېھقانچىلىق قىلسا، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى تەخمىنەن 4000 يۈەن ئەتراپىدا بولاتتى، كارخانىلارغا بېرىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، يىللىق كىشى بېشى كىرىمى ئوتتۇرىچە 20 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، تۆت ھەسسە كۆپەيدى؛ ئەر ـ خوتۇن بىللە كارخانىدا ئىشلىگەنلەرنىڭ يىللىق كىرىمى 60 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر جاپالىق خىزمەت قىلىش ئارقىلىق، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلىدى، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

شىنجاڭدىكى كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كەسىپ تاللاش ئەركىنلىكى ۋە جىسمانىي ئەركىنلىكىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى، ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈردى، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمىدى. كارخانىلار ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈردى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قايسى خىل تىل ـ يېزىقنى ئىشلىتىشنى ئۆز ئالدىغا تاللاپ پىكىر ئالماشتۇرسا بولىدۇ. كارخانىلار ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى مۇسۇلمانچە يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلىدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ياتاقى بىلەن تەمىنلىدى؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن، ۋاسكېتبول، تىكتاك توپ، پۇتبول قاتارلىق مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ سەپلىدى؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى، بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ۋە بايراملىق زىياپەت، سۆھبەت قاتارلىق پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىلاردىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش مۇھىتى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈلدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولدى، كارخانىلار زور مىقداردىكى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا پائال ياردەم بېرىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى تولۇق كاپالەتلەندۈردى، كارخانىلاردىكى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، بۇ، ھەممىگە ئايان پاكىت. شىنجاڭدىكى كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرىدا «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» ئەھۋالى مەۋجۇت ئەمەس، ھەرقانداق پىتنە ـ ئىغۋا ۋە تۆھمەت شىنجاڭدىكى كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكچان ئىككى قولى ئارقىلىق بەختلىك تۇرمۇش يارىتالىغانلىقىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرالمايدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق پاكىت ئەيىبلەنمىسە ۋە ئەيىبلەشكە ئۇچرىمىسا، ئۇنداقتا بۇ تارىخ چاقىنى كەينىگە ياندۇرغانلىق، جەمئىيەتنى ئارقىغا چېكىندۈرگەنلىك بولىدۇ. پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، يالغان ـ ياۋىداق سۆز مىڭ قېتىم تەكرارلانسىمۇ پاكىتقا ئايلىنالمايدۇ. ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ مەيلى قانداقلا قارا چاپلىشى ۋە بوھتان چاپلىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ ساغلام تەرەققىيات قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاق، دوستانە ئۆتۈۋاتقان، ئۆزئارا ياردەم بېرىۋاتقان، ئورتاق ئىلگىرىلەۋاتقان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەتنىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

ئاخىرىدا، بىز ھەر ساھەدىكى بىلىملىك زاتلار ۋە دوستلارغا شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىڭلار، ئاساسسىز ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ تۆھمەت قىلىنغان «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش»تىن قايمۇقۇپ قالماڭلار، بىز بىرلىكتە ئامېرىكا ۋە غەربتىكى ئاز ساندىكى سىياسەتۋازلار ۋە تەشكىلاتلارنى پاكىتقا ھۆرمەت قىلىپ، بىر تەرەپلىمە قاراشنى تاشلاپ، «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش»نى باھانە قىلىپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نورمال ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىغا كاشىلا قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى توختىتىشقا، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان كەلگۈسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشقا دەۋەت قىلايلى.

جۇڭگو خەلقئارا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى:

## شىنجاڭ پاختىسىغا داغ تەگكۈزىدىغان ھەرقانداق رەزىل قىلمىشنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» جىنايەت نامىنى قەستەن ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شىنجاڭ پاختىسى ۋە توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك تەمىنلەش زەنجىرىگە داۋاملىق بېسىم ئىشلەتتى، جازا قوللاندى. يېقىندا، خەلقئارادىكى بىرقانچە كىيىم ـ كېچەك كارخانىسى بايانات ئېلان قىلىپ، شىنجاڭ پاختىسىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىپ، شىنجاڭ ھەتتا جۇڭگونىڭ پاختا توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ ئابرۇيىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ، قەبىھ تەسىر پەيدا قىلدى. شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئابرۇيى ۋە ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش ۋە قوغداش شىنجاڭ سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇھىم بۇرچى، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، بوھتان چاپلاپ، شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ نام ـ ئابرۇيى ۋە كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، بىز شۇ تاپتا كۈچلۈك غەزەپلەندۇق ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز!

پاكىت شۇكى، شىنجاڭ كېۋەز تېرىقچىلىقى ۋە توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك ساھەسىدە باشتىن ـ ئاخىر ئەمگەك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئادەمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش، كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى قىلىپ، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈپ، تىرىشىپ ئەمگەك مۇھىتى ۋە ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلىدى، ھەرقانداق «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

شىنجاڭدا دېھقانلارنىڭ نېمە تېرىشى دېھقانلارنىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە بولىدۇ. ئاشلىق تېرىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كېۋەز تېرىشنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى تېخىمۇ يۇقىرى، دېھقانلارنىڭ كېۋەز تېرىش ئاكتىپلىقىمۇ تېخىمۇ يۇقىرى. تېرىشتىن تارتىپ يىغىۋېلىشقىچە، ئاندىن سېتىشقىچە بولغان ھەرقايسى ھالقىلارنىڭ ھەممىسىدە ئەركىن ۋە ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولىدۇ، ھەرقانداق ئارىلىشىش ۋە مەجبۇرلاشنىڭ ھاجىتى يوق، زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. ئىلگىرى ھەر قېتىم پاختا تېرىش پەسلى كەلگەندە، پاختا تېرىشنىڭ كىرىمى يۇقىرى بولغاچقا، بۇ، خېنەن، سىچۈەن، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىكى خەنزۇ دېھقان ئىشلەمچىلەرنى پويىزغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا كېلىپ پاختا تېرىشقا جەلپ قىلاتتى، ئۇلار «پاختا تەرگۈچىلەر چوڭ قوشۇنى» دەپ ئاتىلاتتى، يەرلىكتىكى بەزى دېھقانلارمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن «پاختا تەرگۈچىلەر چوڭ قوشۇنى» سېپىگە قوشۇلۇپ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىرىمنى ئاشۇراتتى، بۇنىڭغا «مەجبۇرلاش»نىڭ مۇتلەق ھاجىتى يوق ئىدى. پاختىنى ماشىنىدا يىغىۋېلىشنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ھازىر پاختا يىغىۋېلىشتىكى ئىشچى ئىشلىتىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئازايدى، شۇڭا «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش»نىڭمۇ تامامەن ھاجىتى يوق.

شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرى باشتىن ـ ئاخىر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئارزۇسىنى تۈپ ئاساس قىلىپ، ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇن بويىچە باراۋەر ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ كەلدى، باشتىن ـ ئاخىر ئادىل، ئەركىن، كاپالەتكە ئىگە ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇھىتى يارىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ، مۇقىم ئىشلەيدىغان قىلىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەمگەك ماھارىتى، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، كارخانىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي تەرەققىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى. توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولغان ھالدا تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان جىنس، ئوخشاش بولمىغان دىنىي ئېتىقادتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە بىردەك مۇئامىلە قىلدى. كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن ئەمگەك توختامى ئىمزالاپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى زۆرۈر ھەق، ياخشى خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتى بىلەن تەمىنلىدى، ئالاقىدار ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى مۇسۇلمانچە يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئازادە خىزمەت قىلىشىغا، تۇرمۇشىنىڭ تىنچ بولۇشىغا، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خاتىرجەم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. كارخانىلاردا بىردەك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتى كاپالەتلەندۈرۈلدى. بىر قىسىم توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرى BSCI (سودا جەمئىيەت ئۆلچىمى ئېتىراپنامىسى)، SLCP (جەمئىيەت بىلەن ئەمگەكچىلەرنى بىرىكتۈرۈش تورى) قاتارلىق ئەمگەكچىلەر ۋە جەمئىيەت ئۆلچىمىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كارخانىلار چەت ئەلدىكى ئۈچىنچى تەرەپ باھالاش ئاپپاراتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى باھالىشىنى قوبۇل قىلدى ھەم باھالاشتىن ئۆتتى. مەسىلەن، 2019 ـ يىلى، ئاقسۇ خۇافۇ رەڭلىك توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ «جەمئىيەت بىلەن ئەمگەكچىلەرنى بىرىكتۈرۈش تورى» (SLCP) بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە، دەل جايىدا بولۇش كۆرسەتكۈچى 96.9%كە يەتتى، بۇ كارخانىدا ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش»نىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى تولۇق ئىسپاتلاندى.

شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشقان ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈلدى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئامما كەسىپ تاللاشتا ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، بىردەك ئۆز رازىلىقى بىلەن قانۇن بويىچە كارخانا بىلەن ئەمگەك توختامى ئىمزالاپ، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورناتتى، جىسمانىي ئەركىنلىكى ئەزەلدىن ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمىدى؛ ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق ئېلىشتىن بەھرىمەن بولدى، ياشانغانلار كۈتۈنۈش، داۋالىنىش، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىش، تۇغۇت قاتارلىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتىلاردىن باراۋەر بەھرىمەن بولدى؛ ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىش قاتارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە بىردەك تولۇق ھۆرمەت قىلىندى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىندى. نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرىدا مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، يەنە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى، يۇرتداشلىرىنى كارخانىغا كېلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تونۇشتۇردى.

پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» ھادىسىسى مەۋجۇت دېيىش پۈتۈنلەي پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئەقىلگە سىغمايدىغان يالغان ـ ياۋىداق سۆز بولۇپ، پۈتۈنلەي پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ تۆھمەت قىلغانلىق، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغانلىق بولۇپ، پاكىتقا ئېغىر خىلاپ. ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا خەلقنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلەرگە كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىپ ئىگىلىك تىكلىگەنلىكىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش»تەك بىمەنە سەپسەتىنى ئاساسسىز ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى ئالاقىدار كارخانىلارغا خالىغانچە بېسىم ئىشلىتىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى، بازار ئىگىلىكى پرىنسىپى ۋە ئەركىن سودا قائىدىسىگە ئاشكارا خىلاپلىق قىلدى، يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى، قىممەت زەنجىرى ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، بۇ زوراۋانلىق سىياسىيسى ۋە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق زومىگەرلىك قىلمىشى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ نام ـ ئابرۇيى ۋە كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ نورمال ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى، ئالاقىدار كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى كارخانىلارغا بېسىم ئىشلىتىش، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەمگەكچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئارقىلىق، «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» سۇيىقەستىگە يېتىشكە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل غەرىزىنى ئاشكارىلىدى. بىز شۇ تاپتا چېگرا سىرتىدىكى بەزى ئاپپارات ۋە خادىملارنى پاكىتقا توغرا قاراپ، بىر تەرەپلىمە قاراشنى تاشلاپ، ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەسىلىسىنى كۆپتۈرۈشنى دەرھال توختىتىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك تەمىنلەش زەنجىرى ھەم ئالاقىدار مەھسۇلاتلىرىغا ھەرقانداق چەكلىمە قويۇشنى دەرھال توختىتىشقا كۈچلۈك دەۋەت قىلىمىز، بىز شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغدايمىز.

ھازىر، يەر شارىۋى سودىدا ئۆزئارا ئالاقە قىلىش ئورتاق ئىلگىرىلەشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، ئۆزئارا بېكىنمىچىلىك قىلىش ھەممىگە چېكىنىش ئېلىپ كېلىدۇ. بىز شۇ تاپتا ھەرقايسى ئالاقىدار خەلقئارا تەشكىلاتلار، سودا سېلىنمىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاپپاراتلىرى، سودا جەمئىيىتى، تەشكىلاتلىرى ۋە سودا ـ سانائەت كارخانا ساھەسى، بولۇپمۇ ئامېرىكا سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكى ۋەكىللەرنى شىنجاڭغا كېلىپ ئايلىنىپ بېقىشقا، كۆرۈپ بېقىشقا، ھەقىقىي شىنجاڭغا، ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەربىرى تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان، جەمئىيەت تەرەققىياتى گۈللەپ ياشنىغان شىنجاڭغا گۇۋاھ بولۇشقا سەممىي تەكلىپ قىلىمىز. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ بىمەنە سەپسەتىلەر شىنجاڭنىڭ گۈللىنىش، مۇقىملىق مۇساپىسىگە قەتئىي توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ. بىز ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكى دوستلارنىڭ جۇڭگوغا قارشى ئايرىم سىياسەتۋازلارنىڭ بىمەنە، قالايمىقان تەپەككۇر لوگىكىسىدىن قايمۇقۇپ قالماي، ھەر تەرەپلىمە، يۇقىرى سۈپەتلىك ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىش جەھەتتە ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىپ، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ساھەسى جەمئىيىتى:

## شىنجاڭ پاختىسىنى توسۇشتىكى رەزىل غەرەز ھەممىگە ئايان

يېقىندا، بىر قىسىم خەلقئارا ماركىلار ۋە خەلقئارا ئاپپاراتلار يالغان ـ ياۋىداق سۆز ۋە ساختا ئۇچۇرلارنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭ پاختىسى بىلەن «چەك ـ چېگرانى ئايرىش» توغرىسىدىكى سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭ پاختىسى ھەم پاختا مەھسۇلاتلىرىنى توسۇش شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھە، توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى كەسىپكارلار ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ئىنتايىن قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ساھەسى جەمئىيىتى بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىدۇ، قاتتىق ئەيىبلەيدۇ ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ! شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ساھەسى جەمئىيىتى شۇ تاپتا كەسكىن ھالدا شۇنداق بايانات ئېلان قىلىدۇكى: ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ جۇڭگو شىنجاڭ رايونىدا ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەۋجۇت دەپ بوھتان چاپلىشى پۈتۈنلەي يوق يەردىن پەيتاق چىقارغانلىق، ئۇزۇل ـ كېسىل سىياسىي يالغانچىلىق ۋە سىياسىي نەيرەڭۋازلىق.

شىنجاڭ پاختىسى دۆلەت ئىچىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم خام ئەشيا كاپالىتى، شۇنداقلا يەر شارىۋى كەسىپ ساھەسىدىكىلەر ئېتىراپ قىلغان يۇقىرى سۈپەتلىك تەبىئىي تالالىق خام ماتېرىيال بولۇپ، يەر شارى مىقياسىدا پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ زۆرۈر ئىستېمال ئېھتىياجىنى خېلى ياخشى قاندۇردى، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئۇزۇن تالالىق پاختىسى يۇقىرى سۈپەتلىك پاختا يىپنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى سۈپىتىدە، دۆلەت ئىچىدىكى تۆۋەن ئېقىن كارخانىلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك رەخت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئالدىن تاللىشىغا ئايلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ كېۋەز تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇقىم بولۇش ساقلاندى، پاختا توقۇمىچىلىق ھەم كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ تېز تەرەققىياتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، نامرات نوپۇسنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا كۈچ قوشۇش، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى ياخشىلاشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. يىپ ئېگىرىشنىڭ پىششىقلاش، ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىدا، شىنجاڭ پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىلغار ئۈسكۈنە ۋە ئاپتوماتىك قۇرۇلمىلارنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلەتتى، قۇرۇلۇپ پۈتكەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرى دۆلەت ئىچىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەنى نامايان قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق كەسپىدە كەم بولسا بولمايدىغان تايانچ كۈچكە ئايلاندى.

شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى بىرقەدەر ياخشى ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشتى. شىنجاڭدىكى پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاشى 3500 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىدىن خېلىلا يۇقىرى، نۇرغۇن ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ئائىلىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. مەسىلەن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان چاغدا، بىر توقۇمىچىلىق كارخانىسىنىڭ ئۇيغۇر خىزمەتچىسى مەريەم ئۆمەر بىزگە مۇنداق دېدى: ئۈچ يىل ئىلگىرى مەن تېخى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىكى بىر دېھقان ئىدىم، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئىشلەمچىلىك قىلاتتىم، مۇقىم كىرىمىم يوق ئىدى. ھازىر ھەر ئايدا 3500 يۈەن مۇقىم مائاش ئالالايمەن، زاۋۇت يەنە ھەقسىز ياتاق، تاماق بىلەن تەمىنلىدى، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بارغانسېرى ياخشىلاندى. مەسىلەن، بىر توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدا خىزمەت قىلىدىغان تۇرسۇن ئەلى بىلەن ئايگۈلسىن جامىڭكى ئەر ـ خوتۇننىڭ ھەر ئايلىق ساپ كىرىمى تەخمىنەن 10 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. خىزمەت قىلىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى مائاشىدىن يىغقان 300 مىڭ يۈەننى ئالدىن تۆلەپ، غۇلجا شەھىرىدىن 100 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق بىر يۈرۈش بىنا ئۆي سېتىۋالدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)